## 1150 ـ خەتنە قىلىش ۋە يىڭى مۇسۇلمانغا ئىسىم تاللاش

**سۇئال**

مەن بولسام بىر دانىيەلىك يىگىت . مەن ئىسلامغا خېلىدىن بىرى قىزىقىپ كەلدىم . ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ بىر مۇسۇلمان بولۇشنى خالايدىغانلىقىمنى پۈتۈنلەي جەزىملەشتۈردىغان بىر باسقۇچقا يېتىپ بولدۇم .مېنىڭ سۇئالىم تۆۋەندىكىچە : مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن خەتنە قىلدۇرۇشۇم كېرەكمۇ ( بۇنى مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ) ھەمدە ئۇ قانداق ئورۇنلىنىدۇ ؟ ئۇنى دوختۇر ياكى ئىمام ئارقىلىق قىلدۇرىمەنمۇ ياكى ئۆزۈم قىلىمەنمۇ ؟ ـ مەن مۇسۇلمان بولغىنىمدا ئىسمىمنى ئۆزگەرتىش راستىنلا بىر خۇشاللىق ئىش دەپ ھېس قىلىمەن . بىراق مەن تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ قايسىسىنى سىلەر مېنىڭ يىڭى بىرىنچى ئىسمىم بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ دەپ قارايدىغانلىقىڭلارنى بىلمەكچىمەن : ـ قاسىم ، ئاسىم ، تەيمۇللاھ ياكى سەييد خېتىمغا جاۋاپ ئېرىشەلىسەم ھەقىقەتەن تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم .

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

بارلىق مەدھىيە سىزنى بۈنىڭغا يىتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇن . ناۋادا سىزنى ئاللاھ يىتەكلىمىگەن بولسا توغرىغا يىتەكلەنمەيتتىڭىز . سىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىشكە بولغان قىزىقىشىڭىز بىز ئۈچۈن بۇ كىچەئەڭ خۇشاللىق خەۋەر . بىز ئاللاھتىن سىزنىڭ ئىسلامغا مۇۋەپپىقىيەت بىلەن كىرىشىڭىزنى ھەمدە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىشىڭىزنى سورايىمىز .

سىزنىڭ بىرىنچى سۇئالىڭىزغا كەلسەك ، خەتنە قىلدۇرۇش سىزگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ ، شۇڭا سىز ئۇنى تەجرىبىسى ۋە ماھارىتىگە ئىشىنىدىغان دوختۇرغا قىلدۇرسىڭىز بولىدۇ .ئەگەر ئۇ سىزگە زىيان پەيدا قىلىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئۇنى قىلىشىڭىز لازىم ئەمەس ھەمدە ئۇ ئاللاھ خالىسا ، سىزنىڭ ئىسلامىڭىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ .

ئىسمىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە كەلسەك، بىلىڭكى ، ئاللاھقا ئەڭ ياقىدىغان ئىسىملار : ئابدۇللاھ ( ئاللاھنىڭ قۇلى ياكى ئىبادەتچىسى) ھەمدە ئابدۇررەھمان( مېھرىبان ئاللاھنىڭ قۇلى ياكى ئىبادەتچىسى) . بۇ بىزگە مۇسلىم نەقىل قىلغان پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئىشەنچىلىك ھەدەيىسىدە كەلگەن ، 3975 .

ئەگەر سىز بىزنىڭ سىز كۆرسەتكەن ئىسىملارنىڭ بىرىنى تاللاپ بىرىشىمىزنى ئويلىسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز ئاسىمنى قوللىنىڭ ، ئۇنىڭ مەنىسى : قوغدىغۇچى ، ساقلىغۇچى ،مۇھاپىزەتچى ، مۇداپىئەچى .

ئاللاھتىن سىزگە بۈيۈك ئىسلامنىڭ سايىسىدا بەختىلىك ، ياخشى تۇرمۇشنى سورايمىز .

پېشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد